# ТИЛ - МИЛЛӘТ ШӘКИЛЛИНИШИНИҢ АСАСИ

Тил-инсанийәт жәмийәт вә аң-сезим тәрәққиятиниң муһим амилидур. Дәсләпки уруқ, қәбилә-тиллири қошулиши нәтижисидә хәлиқ яки улус тили шәкиллиниду. Улуслар яки хәлиқләр бирлишип милләт шәкиллиниши билән милләткә ортақ бирликкә кәлгән милләт тили барлиққа келиду. Тил бирлиги милләт болишиниң әң асасий шәртидур.

Дуния хәлиқлири тиллириниң сани, тилшунас алимларниң һесави бойичә, тәхминән 4-5 миң әп-чөрисидә болуп, униң ениқ санини бәлгүләшниң қийин болишиниң сәвәви - дунияниң бәзи җайлири, мәсилән җәнубий Америка, Австралия, Йеңи Гвинея қатарлиқ кәң регионлардики йәрлик тиллар техи яхши үгинилмигәнлигидин ибарәттур. Адәттә бир хәлиқ бир тилда сөзлишиду. Лекин бәзидә бир тилниң ичидики шивиләрниң пәрқи шунчә чоң болидики, пәқәт әдәбий тил, яки хәт арқилиқла чүшиниш мумкин болиду. Мәсилән, хитай тилида 7 хил диалект бар болуп, уларниң бир-бирдин пәрқи шунчилик чоңки, тәрҗимансиз яки хәт (иероглиф) ярдимисиз чүшиниш мумкин әмәс. Шундақла икки тиллиқ хәлиқләрму учирайду. Мәсилән, Франциянiң шәрқидә яшайдиған элзаслар немис вә француз тиллирида бирдәк сөзлишиду. Россиядики мордваларму икки тилда: мокша, эрзян тиллирида сөзлишиду. Ирландларниң 4/5 инглизчә, пәқәт 1/5 ирланд тилда сөзлишиду.

Икки тиллиқ аһалилар Асия, Африка дөләтлиридә барғансири көпәймәктә: Айрим штатларда қоллинип келиватқан йәрлик тиллар билән бир қатарда дөләт тили статусиға егә болған тиллардин һиндистанда - һинди, Пакистанда - урду, Индонезияда - бахаса-индонезиа, Филиппинда - пилиппино яки тагалог тиллири. бәзи Африка дөләтлиридә уларға ят болған инглиз вә француз тиллири кеңәймәктә. Сабиқ Совет Иттипақи дәвридә икки тилда сөзлишиш, болупму шәһәр аһалиси арисида, кәң тарқалған. Рус әмәс миллиләр аһалисиниң 2/3 қисми рус тилни егәллигән еди.

Бәзи әһвалларда бир нәччә хәлиқ яки миллиәт бир тилда сөзлишиду. Инглиз тили яки униң йәрлик вариантлирида инглизлардин ташқири АҚШлиқлар англо-канадилиқлар, англо-австралиялиқләр, англо-новозеландиялиқләр, Кариб деңизи бассейнидики бәзи хәлиқләр вә башқилар сөзлишиду. Испан тилида көпинчә Латин Америка хәлиқлири сөзлишиду. Немис әдәбий тилида немислардин ташқири австрияликләр, германо-швейцарияликләр, германо-люксембургләр вә йәнә бәзи хәлиқләр сөзлишиду.

1987-жилдики мәлумат бойичә, дунияда әң көп тарalған тиллар: хитай тилида 1 миллиард 85 миллион, инглиз тилида - 425 миллион, һинди вә униңға йеқин болған урду тилида - 350 миллион, испан тилида - 330 миллион, рус тилида - 220 миллион, әрәп тилида - 200 миллион, бенгал тилида - 190 миллион, португал тилида - 180 миллион, француз тилида - 130 миллион, япон тилида - 125 миллион, немис тилида - 120 миллион адәм сөзлишиду. Бу тиллардин инглиз, француз, рус, испан, әрәп, хитай тиллири БМТниң рәсми тиллири һесаплиниду.

Инглиз тили дуниядики 70кә йеқин дөләтниң дөләт тилидур (бәзилиридә йәрлик тил билән бир қатарда), француз тили 30 мәмликәттә дөләт тили (бәзилиридә йәрлик тил билән бир қатарда) һесаплиниду. Испан тили 20 мәмликәттә дөләт тилидур, португал тили Португалиядин зимин чоңлиғи бойичә 100 һәссидин көп чоң болған Бразилия вә Африкидики чоң-кичик 5 дөләттә дөләт тили болуп келиватиду. Буниңдин башқа голланд тилиму өзиниң мустәмликилиридә дөләт тили статусини сақлап кәлмәктә. Йәнә инглиз, француз, испан вә португал тиллириниң йәрлик тиллар билән қошулишидин пәйда болған креоль тиллири һәм бар болуп әшу дөләтләрниң сабиқ мустәмликилири болған җайларда қоллинилмақта.

Тиллар системилири вә группилириниң җуғрапийәлик чегараси инсанийәт тарихи давамида үзлүксиз өзгүрүп кәлгән. Мәсилән, 7-әсиргичә әрәп тили пәқәт әрәп йерим арилиниң бир қисмидила қоллинилған болса, һазир у пүтүн ғәрбий-җәнубий Асия билән шималий Африкиниң наһайити кәң территориясигә (йәр йүзиниң 1/10 қисми) тарқалди.

Түрк тил групписиму көп қетим өзиниң тарқилиш даирисини кеңәйткән болуп һазир бу тил групписи Балқан йерим арилидин тартип шәрқий-шималий Сибирийәгичә тарқалди. Инглиз тили 15-әсиригичә пәқәт Британ араллирида һөкүмранлиқ қилған болса, кейин бу тил һәммә қитъәләргә (йәр йүзиниң 1/4) тарқалди. Рус тилиму 16-әсиргичә русларниң өз йеридила (Москва әтрапидики областлар)ға тарқалған болса, 19-әсирниң ахириға кәлгәндә йәр йүзиниң 1/6 қисмиға (сабиқ Совет Иттипақи) кеңәйди. Испан вә португал тиллириму зор территорийәгә тарқалди. Бесим көпчилик тилшунас алимларниң пикири бойичә, йәр йүзидики барлиқ тиллар төвәндики 20 нәччә чоң-кичик тил системилириға бөлиниду. Улар: һинд-европа; хитай-тибәт; нигер-кордофан; африка-асия; австронезия; дравид; алтай; австроасия; паратай; Америка қитъәсидики индейцилар тиллири; нил-сәһрайикәбир; урал; папуас; картвел; шимали кавказ; койсан; Австралия: эскимос-алеут; чукот-камчат: андаман қатарлиқлардин ибарәттур.

Булардин әң чоңи вә яхширақ үгнилгини - һинд-европа тил системиси болуп йәр шари аһалисиниң йерими әшу тилларда сөзлишиду. Бу тил системисиниң шәрқий тармиғи болған һинд-арий групписиға: санскрит, һинд, урду, бенгал, маратхи, пәнҗап, раҗастхан, гуҗарат, ория тиллири; иран групписиға - парс, афған, таҗик, қурд, белуҗ, асетин тиллири кириду.

һинд-европа тил системисиниң ғәрби тармиғи болған роман (латин) групписиға: италиян, француз, испан, румын, португал, каталун, галиси, валлун қатарлиқ тиллар; герман групписиға - немис, инглиз, голланд, фламанд, швед, дания тили, норвег қатарлиқ тиллар; келт групписиға - ирланд, бретон, уэльс тиллири кириду. һинд-европа тил системисиниң славян групписиға: рус, украин, поляк, чех, беларус, болғар, серб, харват, словак, босния, словен, македон қатарлиқ тиллар кириду.

Урал тил системисиниң фин-угур групписиға: венгр, фин, мордва, эстон, мари, удмурд, карел тиллири кириду. Хитай-тибәт тил системисиниң хитай групписиға хитай вә хвәй (тунган) тиллири; бирма-тибәт групписиға - бирма, йи, тибәт, карен, туҗя, хани, манипур, бәй, бхутия (бутан) қатарлиқ тиллар кириду. Алтай тил системиси түрк, моңғул, туңгус-манҗур тил группилириға бөлиниду. Түрки тиллар групписи төвәндики шөбә группиларға: чуваш яки булғар (чуваш тили), оғуз яки ғәрбий-җәнубий групписиға түрк, әзәрбәйҗан, түркмән, саларлар кириду; қипчақ яки ғәрбий-шималий шөбә группаисиға татар, башқурт, қазақ, қирғиз, қарақалпақ, қарачай-балқар, қумуқ, ноғай, қараим тиллири кириду; қарлуқ яки шәрқий-җәнубий шөбә групписиға - уйғур, өзбәк тиллири кириду; яқут шөбә групписиға - яқут, долган тиллири кириду; җәнубий Сибир шөбә групписиға - тува, хакас, алтай, шор қатарлиқ тиллар кириду.

Түрки тилларда сөзлишидиған хәлиқләр 30 әтрапида болуп, умумий сани 200 миллиондин ашиду. Улар егәллигән зимин наһайити кәң, ғәриптә Түркийәдин тартип, шәрқи-шималда Яқутстан арқилиқ шималий Муз океанғичә тутушуп 10 млн. кв. км. земинни өз ичигә алиду. Ғәрбий-җәнуптин шәрқий-шималға қарап, тәхминән 10 миң километр арлиққа созулғандур. Түрк тиллар групписидики милләтләр төвәндикиләр: 1987-жилқи мәлумат бойичә, түркләр - 46, 5 млн. болуп 95% Түркийәдә, қалғанлири Германийә қатарлиқ дөләтләрдә; уйғурлар - 25 млн. әтрапида болуп, 96% Уйғурстанда (ШУАР). Қазақстанда 200 миңдин көпәрәк. Қирғизстан вә Өзбәкистанларниң һәр биридә тәхминән 50 миңдин көпәрәк. Сәүдий Әрәбистанида 50 миң әтрапида болуп, қалғанлири Түркийә, Афғанистан, Пакистан, һиндистан, Моңғулийә, Австралия, Америка, Канада қатарлиқ дөләтләрдә яшимақта; өзбәкләр 17 милиондин көпәрәк (1987-жилқи мәлумат) болуп 70% Өзбәкистанда, Афғанистанда 2 миллионға йеқин, қалғанлири Сәүдийә Әрәбистан қатарлиқ дөләтләргә тарқалған; әзәрбәйҗанлар 14.5 миллиондин көпәрәк болуп 55% Иранда, 45% Әзәрбәйҗанда вә МДһда яшайду; қазақлар 11 миллион әтрапида болуп 87% Қазақстан билән МДһ дөләтлиридә, қалғанлири Уйғурстан, Моңғулийә, Түркийә қатарлиқ дөләтләрдә яшимақта; татарлар 6 миллиондин көпәрәк болуп Татарстанда аран 30%қа йеқин татар яшайду, қалған 70% Россия Федерациясиниң башқа областлирида вә Мәркизий Асия дөләтлиридә яшайду; түркмәнләр 5 миллиондин көпәрәк болуп 65% Түркмәнистанда, башқилири Иран, Афғанистан қатарлиқ дөләтләрдә яшайду; қирғизлар 2,5 миллиондин көпәрәк болуп 95% Қирғизстан вә МДһ дөләтлиридә яшайду, қалғанлири Уйғурстан, Афғанистан қатарлиқ җайларда яшайду; чувашлар 1 миллион 800 миңдин көпәрәк болуп, 100% МДһ дөләтлиридә яшайду (православ диниға етиқад қилиду); башқуртлар 1,5 миллиондин көпәрәк болуп 100% МДһ дөләтлиридә яшайду; қәшқәйләр 600 миңдин көпәрәк болуп Иранда яшайду; әфшәрләр 530 миңдин көпәрәк болуп Иранда яшайду; қарақалпақлар 400 миңға йеқин болуп Қарақалпақстанда яшайду; яқутлар 360 миңдин көпәрәк болуп 95% Яқутстанда яшайду (христиан диниға етиқад қилиду); қумуқлар 260 миңдин көпәрәк болуп 88% Дағистанда; шаһсевинлар 200 миңдин көпәрәк - Иранда; гагаузлар 200 миңға йеқин болуп 80% Молдовада яшайду (христиан диниға етиқад қилиду); тувалар 200 миңдин көпәрәк болуп 97% Тува җумһурийитидә яшайду. (будда диниға етиқад қилиду); қарачайлар 150 миңдин көпәрәк болуп 83% Қарачай-Черкес җумһурийитидә яшайду; хакаслар 75 миңдин көпәрәк 80% Хакасиядә яшайду (христиан диниға етиқад қилиду); балқарлар 72 миңдин көпәрәк болуп 90% Кабардино-Балқар җумһурийитидә яшайду; саларлар 70 миңдин көпәрәк болуп Хитайниң Чиңхәй, Гәнсу өлкилиридә яшайду; ноғайлар 67 миңдин көпәрәк болуп 42% Дағистанда, йәнә 42% Ставрополь өлкисидә яшайду; алтайлиқлар 64 миңдин көпәрәк болуп 83% Алтай җумһурийитидә; қаратағлар 20 миңдин көпәрәк болуп Иранда яшайду; шорлар 16 миңдин көпәрәк болуп 80% Кемерово областида (христиан диниға етиқад қилиду); сериқ уйғурлар (югурлар) 11 миңдин көпәрәк ХХҖниң Гәнсу өлкисидә яшайду. (будда диниға етиқад қилиду); долганлар 5 миңдин көпәрәк болуп 84% Россияниң Таймыр округида; қараимлар 3 миң 300дин көпәрәк болуп Қрим қатарлиқ җайларда яшайду; тофалар 800дин көпәрәк болуп Россияниң Иркутск областида яшайду. Жуқуридикиләрдин көрүнүп туридики, уйғурлар сан җәһәттин түрки тиллиқ милләтләр ичидә пәқәт түркләрдин кейин иккинчи орунда туридиған чоң миллә тдур. Уйғурлар һазирқи дунияда өз мустәқиллиғи үчүн күришиватқан чоң милләтләрдин болуп, Уйғурстан зимини көлими бойичә йәр йүзидики мәвҗут 230 дөләтләр вә территорияләр арисида алдинқи 20 чоң дөләт (16-орунда) қатариға кириду. Шуңа һаризқи Уйғурстан зимини әң чоң мустәмликә территорияси болуп келиватиду.

Уйғурлар нәччә миң жиллиқ миллий дөләт тарихиға егә хәлиқ болуп улар қәдимки: Улуқ һун империяси, Түрк қағанлиғи, Уйғур-Орхон қағанлиғи, Қараханлар дөлити, Турпан-Идиқут Уйғур ханлиғи, Гәнҗу-Уйғур дөлити, Яркәнт-Сәидийә Уйғур дөлити, Йәттишәһәр-Уйғур дөлити, Или-Уйғур султанлиғи қатарлиқларға егә болған болса, мошу әсирдә Шәрқий Түркистан Ислам җумһурийити (1933-1934) вә Шәрқий Түркистан җумһурийити (1944-1949) намлиқ дөләтләрни қурған болуп, Уйғурстан техи өткән әсирниң 70-жиллириниң ахиридин тартип Манҗур-Хитай империясиниң йерим мустәмликисигә айланған болсиму, Уйғуротан зимини һеч қачан Хитайниң бир қисми болған әмәс. Уйғурларниң қан, ириқ, уруғ, тил, мәдәнийәт, өрп-адәт вә дин җәһәтләрдә хитай билән һеч қандақ умумлиғи йоқтур. һазирқи Уйғурстан зимини 1949-жили коммунист Хитай армийәси тәрипидин зорлуқ билән бесип елинғанлиғи вә һазирғичә Хитайниң мустәмликиси болуп келиватқини хәлиқ ара қанунларни қопал бузуш болуп һесаплиниду. Шуниң үчүнму хәлқимизниң өз мустәқиллиғини әксигә кәлтүрүп, өз мәмликитигә егә болуш үчүн елип бериватқан күриши - бу тамамән миллитимизниң қануний һоқуқидур.

Пайдилинилған материаллар:
1. "Население мира" - 1989. М. Мысль;
2. "Современный Иран" - М. Наука;
3. "Җаһан мәмликәтлири" - Ташкәнт. Өзбәкистон;
4. "Энциклопедия нового Китая" - Москва.

Шәмсидин
АБДУРЕҺИМ